# مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! مەن سىلەرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ناماز ئوقۇغان كىشى ھەر بىر پەرز ۋە نەپلە نامازلاردا، رامىزاندا ۋە رامىزاننىڭ غەيرىدە ناماز باشلايدىغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇ قىلىدىغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى)دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن: رەببەنا لەكەل ھەمد(ئى رەببىمىز ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر سىلىگە خاستۇر)دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ سەجدىگە بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئىككىنچى رەكەتتە تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدىغان ۋاقىتتىمۇ تەكبىر ئېيتىدۇ، نامازنى ئادا قىلىپ بولغۇچە ھەر بىر رەكەتتە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ جامائەتكە بۇرۇلۇپ :«مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! مەن سىلەرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئادا قىلىش سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلدۈرىشچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، ناماز باشلاش تەكبىرىنى (تەكبىرەتۇل ئىھرام) ئېيتاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇغا، سەجدىگە بارغاندا، رۇكۇدىن ۋە سەجدىدىن تۇرغاندا، ئىككىنچى سەجدىگە بارغاندا ۋە ئۇنىڭدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۈچ رەكەتلىك ياكى تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىرىنچى قېتىملىق تەشەھھۇتتىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئاخىرلاشقۇچە ھەممە رەكەتتە بۇ ئىشلارنى قىلىدۇ، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى)دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە تۇرغان ھالەتتە: رەببەنا لەكەل ھەمد(ئى رەببىمىز ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر سىلىگە خاستۇر)دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئادا قىلىپ بولۇپ جامائەتكە قاراپ: مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! مەن سىلەرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى».

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee